# شى جىنپىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى تاراتقۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جۇڭفا)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاراتقۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۇڭ تاۋ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لو جاۋخۇي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

سۇڭ تاۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ. بۇ، پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ ئارىدىن 14 يىل ئۆتۈپ چاۋشيەندە يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشى، شۇنداقلا پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەندە تۇنجى قېتىم زىيارەتتە بولۇشى. بۇ قېتىمقى زىيارەت دەل جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلايدىغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۇڭ تاۋ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن دوست قوشنا دۆلەت، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر چاۋشيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت يۇقىرى قاتلام ئالاقىلىشىش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە، ئىككى تەرەپ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ساقلاپ كەلمەكتە. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال كۈچ چىقاردى. ئۆتكەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىلەن تۆت قېتىم كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتى، يېرىم ئارال ۋەزىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى.

سۇڭ تاۋ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو — چاۋشيەن ئىككى تەرەپ بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. ئىككىلا تەرەپ مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەستە قولغا كەلگەن يېرىم ئارال سۆھبىتىنىڭ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتىنى قەدىرلەپ، يېرىم ئارالنى يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سۆھبەتلىشىش، كېڭەشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننى يولغا قويۇپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، قەتئىي ھالدا ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدۇ. ئىككىلا تەرەپ پارتىيەلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ مۇھىم رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئورتاق مەنپەئەتنى قوغداشنى تەكىتلىدى.

سۇڭ تاۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چاۋشيەن تەرەپ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن، دوستانە كۈتۈۋالىدۇ. زىيارەت مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىلەن كۆرۈشىدۇ، سۆھبەتلىشىدۇ، جۇڭگو — چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆتكەن 70 يىلدىكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەپ، خۇلاسىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ يېرىم ئارال ۋەزىيىتى توغرىسىدا يەنىمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىككى تەرەپ يەنە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ. جۇڭگو — چاۋشيەن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ چوقۇم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە پۈتۈش ئۈچۈن، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

لو جاۋخۇي جۇڭگو — چاۋشيەن ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر ساھەدىكى ئاساسلىق ھەمكارلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلدى، بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ تاغ - دەريالىرى تۇتاش بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى ھەمدە ياخشى سىياسىي مۇناسىۋىتى، ئەل ئارا دوستلۇق ئاساسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقىدىن بولغان. بۇ يىل ئىككى تەرەپ بىرلىكتە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو — چاۋشيەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، تارىخنى ئەسلەش، كەلگۈسىنى پىلانلاش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو — چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشقا كېلىشتى.

شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە شۆبىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى ھەم 1 - قارارلىق مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى

# ماھارەتنى كۈچەيتىش بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى تاۋلاش

مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىر جياڭ خۇلى خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە شۆبىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ 1 - قارارلىق رەھبىرىي كادىرلارنى مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە شۆبىسى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى سىياسىي جەھەتتە چېنىقتۇرىدىغان «پارتىيە مەكتىپى»، شۇنداقلا كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەيدىغان بازا، جەزمەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، كەسپكە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت «ئىككى قولدا تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاساسىي تەربىيەنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باشتىن - ئاخىر سىياسىي نەزەرىيە بويىچە تەربىيەلەشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى تاۋلاشقا يېتەكلەپ، سىياسىي ئىرادە، ئىنتىزام ئىرادىسى، ئەخلاق ئىرادىسى، چىرىكلىشىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىرادىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق سادىق بولۇشتەك سىياسىي پەزىلىتىنى تاۋلاپ، ئۇلارنى ئىنتىزامغىمۇ، قانۇنغىمۇ پىششىق بولغان كەسپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ راۋاجلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە شۆبىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچ يىللىق يىرىك پىلانى (2021 — 2019)» ۋە «2019 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى تولۇق تەربىيەلەش پىلانى»غا چۈشەنچە بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى

# قىزىل تەربىيەنى قوبۇل قىلىش كۈچلۈك پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاش

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيەلىك كادىرلارنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسىنىڭ شى تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆرۈپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، بۇرچ - مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتتى. قىزىل تەربىيە كۆپچىلىكنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن تەشكىللەنگەن «ئەسلىي مەقسەت ئەترىتى» ۋە «بۇرچ ئەترىتى» تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتتى. ئاخىرىدا، كۆپچىلىك بىرلىكتە «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى تەشكىللەپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى قىزىل روھقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەربىيەلەدى ۋە يېتەكلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن گۈل تەقدىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى؛ پارتىيە بايرىقىغا يۈزلىنىپ، پارتىيەلىك كادىرلار ئوڭ مۇشتىنى كۆتۈرۈپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى. ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىدا، كۆپچىلىك چۈشەندۈرگۈچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەپسىلىي كۆردى؛ كۆرگەزمىخانىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش — پارتىيە 1 - قۇرۇلتىيىدىن 19 - قۇرۇلتىيىغىچە» مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، پارتىيەنىڭ شانلىق تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

نۇقتىلىق ئوت رايونى بىلەن ئادەتتىكى ئوت رايونىنى تەڭ قەدەمدە تۈزەپ، ئوت رايونىنىڭ ساقلانما مىقدارىنى تۈگىتىش؛ كۆمۈرلۈك ئوت رايونىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوت رايونىنىڭ مىقدارىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ، كۆمۈر بايلىقى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش كېرەك. كۆمۈرلۈك ئوت رايونى جايلاشقان ئورۇندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوت رايونىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كۆمۈرلۈك ئوت رايونىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوت رايونىنى تۈزەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ، ھەل قىلىپ، يېشىل تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاسمىنى كۆك، تۇپرىقى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش ئۈچۈن، تەرەققىياتنا ھەرگىزمۇ بىخەتەرلىكنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىشقا بولمايدىغانلىقتەك بۇ ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان قىزىل سىزىقنى ماسلىشىپ ساقلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشتىن تۈپتىن ياخشىلىنىشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر، پاش قىلىش ھوقۇقى ۋە مۇكاپاتلىنىش ھوقۇقى، مۇكاپاتلاش پىرىنسىپى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت ئىش تەقسىماتى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت تەلىپى، پاش قىلىش ئۇسۇلى ۋە پاش قىلغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى، مۇكاپاتلاش دائىرىسى، مۇكاپاتلاش ئۆلچىمى، پاش قىلغۇچىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قاتارلىق مەزمۇنلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارماقلارنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ راۋانلاشتۇرۇش، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، 2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن بەلگىلىمە بويىچە پېنسىيەگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن ھەم ئاي بويىچە ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى ئېلىۋاتقان پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى سەۋىيەسىنى تەڭشەيدۇ. تەڭشەش ئۆلچىمى نورما بەلگىلەپ تەڭشەش، چېتىپ تەڭشەش ۋە مايىللاشتۇرۇپ تەڭشەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلىدە بېكىتىلىدۇ.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتى ھەم ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق تەلەپ قىلىندى

# ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتى ھەم ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، مۇھىم نۇقتا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتى بولدى.

ئىگىلىنىشىچە، 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ رايونغا تەۋە نۆۋەتتە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغانلار ۋە ئىچكىرى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 160 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىدىكەن، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى بىرقەدەر چوڭ بولىدىكەن.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت سۇپىسى»نى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، قوللىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى توردا راست نام بىلەن تىزىملاش، تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىپ تەقسىملەش قاتارلىق راست نام تۈزۈمى بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشتا دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار تۈپتىكىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە ۋە كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئارمىيەگە قاتنىشىپ قىسمغا كىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىسمغا كىرىش يېشىل يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن گازارمىغا ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە جەلپ قىلىش كېرەك؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇش پۈتكۈزگەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار تۈپكە قاراتمىلىق ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتەكلەش بازىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەپ يېتىلدۈرۈش ۋاستىلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئەتراپلىق، كەسپلەشكەن يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش داۋامىدا كىشىلىك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.